ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# فاڭ جمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

گۇەن چىيىڭ ، رېن نوڭ چياۋ

# فاڭ جىمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: غوپۇر قادىر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

方志敏／关启颖·任农潮编著；吾甫尔·卡德尔译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.6(2007.4重印)
(少年红色经典)
ISBN 978-7-228-10324-9

Ⅰ.方... Ⅱ.① 关... ②任... ③吾 Ⅲ.儿童文学—命
故事革 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第066222号

策　　划：艾克拜尔·艾力
责任编辑：吾买尔江·穆罕默德
责任校对：帕丽达·艾力

**方志敏**（维吾尔文）

吾甫尔·卡德尔　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　7.375印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第3次印刷
印数：7061—11060

ISBN 978-7-228-10324-9　定价：13.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社2004年9月1版，2004年9月第1次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئىبلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى

# فاك جىمىن

تەرجىمە قىلغۇچى : غوپۇر قادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 7.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 7061——11060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10324 — 9
باھاسى : 13.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈندۇ. ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

سادداھەم كۆچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تـوقـۇ-نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىل-لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلار-نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۈرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۈيغۇسى ۋە ئوقۇش-چانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستېتىكىلىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرىمانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىن-قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈز-لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

ئوقۇغۇچى بالا ........................................ 1
ياپونىيە ماللىرىغا قارشى تۇرۇش ........................ 6
مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ...................... 9
جيۇجياڭدىكى ۋەقە ...................................... 17
ئىش ئىزدەش ........................................... 22
كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىش .......................... 32
ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ................. 37
قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش ........................... 42
قارا تۇمان قاپلىغان شەھەر ............................ 48
جىئەندىكى دېھقانلار ھەرىكىتى ......................... 55
يېڭىۋاشتىن تۇتۇش قىلىش ............................... 60
يىياڭ، خېڭفېڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى ..................... 65
فاڭشېڭفېڭ چوققىسى يىغىنى ............................. 81
جىنجىشەن تېغىدىكى تۇنجى جەڭ .......................... 89
دۈشمەننىڭ قورشاپ يوقىتىشىنى بىتچىت قىلىش ....... 94
«دەرەخ كېسىپ قورشاپ يوقىتىش» نىڭ مەغلۇپ بولۇشى .. 102
جۇفاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ................................ 106
مۇشتۇمزور پومېشچىكلارنى پەم بىلەن تۇتۇش ............ 113
ئارمىيىنى رەتكە سېلىش ............................... 122
جىڭدېجېنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ..................... 128
تۆت قېتىملىق قاملاشقان ئۇرۇش ........................ 134
شىمالىي فۇجيەنگە ئاتلىنىش ........................... 147

جياڭشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «بالا ـ قازا» .............. 154
فۇجيەنگە قايتا ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلىش ................. 167
قىزىل 10 ـ ئارمىيىنى دەريا بويىدا ئۇزىتىپ قويۇش ...... 172
ئېچىنىشلىق ساۋاق ........................................ 178
شىمالغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ........ 185
جەڭ قىلىپ يۇرۇپ ئەسىرگە چۈشۈش ..................... 192
قەھرىمانىنىڭ خىسلىتى ......................................... 198
ئۈچ قېتىملىق «تەبرىكلەش يىغىنى» .................... 201
ساداقەت .................................................... 209
قان بىلەن يېزىلغان كىتاب .................................... 217
جۇڭگونى قېنى بىلەن سۇغىرىش ............................... 222

# ئوقۇغۇچى بالا

جىياڭشى ئۆلكىسى يىياڭ ناھىيىسى چىگۇڭ بازىرىغا قاراشلىق خۇتاڭسۇن كەنتى مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بىر جاي ئىدى. كەنتنىڭ كەينىدە ئىككى كىچىك تاغ بار بولۇپ، دەل - دەرەخلەر يىل بويى سايە تاشلاپ تۇراتتى. كەنتنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۆل ۋە چوڭ بىر پارچە شاللىق بار ئىدى. كىچىك بىر ئېقىن بۇ شاللىقنى نەچچە تولغىنىپ كېسىپ ئۆتۈپ، كېچە - كۈندۈز جەنۇبقا قاراپ تىنماي ئاقاتتى. مانا بۇ جاي دەل ئىنقىلابىي قۇربان فاڭ جىمىننىڭ يۇرتى ئىدى. 1899 - يىلى 21 - ئاۋغۇستتا، فاڭ جىمىن خۇتاڭسۇن كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

فاڭ جىمىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئائىلىدىكى ئەرلەر ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ كالا بېقىپ، تېزەك تەرمىسە بولمايتتى. ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى ھەلەكچىلىكىدىن باشقا، يىپ ئېگىرىپ، ماتا توقۇمىسا تېخىمۇ بولمايتتى. مۇشۇنداق جاپا تارتقاندىلا، ئاندىن ئاران - ئارانىدا قورسىقى توق تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتى.

فاڭ جىمىن بالىلىق دەۋرىدىلا ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەگىشىپ

كالا باقتى، ئوت ئوردى، تېزەك تەردى. ئۇ ئەقىللىق، زېرەك ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئوغلىغا تولىمۇ ئامراق ئاتىسى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق ئۆتۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، يەنىلا ئۇنى خۇسۇسىي مەك-تەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئۇ خۇسۇسىي مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ، خەتنى چىرايلىق يازىدىغان بولدى، مەسنەۋى ئېيتىشىش، ماقالە يېزىشتىمۇ خۇسۇسىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ـــ چىڭ سۇلا-لىسىدىن قالغان كونا تالىپنىڭ ـــ ماختىشىغا ئېرىشتى. يىراق ـ يېقىندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قولۇم ـ قوشنىلار «جد-مىن تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا باستى» دەپ تەرىپلەشتى. ئۇ ئو-قۇپ ئۈچىنچى يىلى، جياڭشىنىڭ شەرقىي شىمالىدا قۇرغاقچى-لىق بولۇپ، بىر تالمۇ دان يىغىۋالغىلى بولمىدى. بالىلار چوڭلارغا ئەگىشىپ قەھەتچىلىكتىن قېچىپ سىرتلارغا چىقىپ كەتتى، كونا تالىپمۇ مەكتەپنى تاقىدى. بۇۋىسى بىلەن ئاتىسى ئۇنىڭ مەكتەپتىن توختاپ قېلىشىغا كۆڭلى ئۇنىمىدى، شۇ تاپتا ئائىلىنىڭ كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالمايۋاتقان، قورسىقىنى تويغۇزسا، ئۈچىسى ئېچىلىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا قولد-دىن كېلىدىغانلىكى ئامالالارنى قىلىپ، ئۇنى گاۋچياۋ بازىرىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

بۇ دەل شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىگە توغرا كېلەتتى، گەر-چە چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغان، جۇڭ-خۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو جەمئى-يىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى، يېزىلاردا بايلار ئاۋۋالقىدەكلا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، مۇتتەھەملىك قىلىۋاتاتتى، نامرات دېھقانلار يەنىلا ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىپ، دەر-دىنى ئېچىگە يۇتۇپ ئۆتۈۋاتاتتى. ياشلىق دەۋرىدىكى فاڭ جىمىن

جاھاندىكى نۇرغۇن ناھەقچىلىكلەرنى كۆردى.

1912 - يىلى دېكابىردا، فاڭ جىمىن دېشىڭ ناھىيىسى جاڭ جياسۇن كەنتىگە ئاچىسىنى يوقلىغىلى باردى، يولدا بىر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، تۇساتتىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، بەستلىك ئىككى ئادەمنىڭ نامرات بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە بىرنېمە بۇلاۋاتقانلىقىنى، ھېسابچىنىڭ بىر چەتتە قولىغا چوت ۋە ھېساب دەپتىرىنى تۇتقىنىچە تۇرغانلىقىنى، بۇ ئۇچەيلەننىڭ يولسىزلارچە زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىلگەن، كىيىملىرى جۇل - جۇل بۇ نامرات تۇل خوتۇن يىغلاپ نالە قىلىۋاتاتتى:

— يولسىز ئۆكتەملەر! ئۆيۈمنى ئاختۇرۇغۇدەك، مەن سەنلەرگە قانچە پۇل قەرز - ھە؟

— ھوي! تېنىۋالماقچىمۇ سەن؟ قەغەزگە پۈتۈلگەن پاكىت ئېنىق تۇرۇپتۇ! — ھېسابچى زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلىگەچ ھېسابات دەپتىرىنى بارمىقى بىلەن ئۆرىدى. فاڭ جىمىن بۇ ئىشنى سوراشتۇرۇپ، ئاندىن چىگۇڭ بازىرىدىكى باي شاۋ شياڭچېن ئەۋەتكەن كىشىلەرنىڭ قەرزنى قىستاۋاتقانلىقىنى بىلدى. شاۋ شياڭچېن بازاردا بىر دۇكان ئاچقان بولۇپ، قوشۇمچە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىپ جازانىخورلۇق قىلاتتى، بىرگە بەش ھەسسە ئۆسۈم ئالاتتى، قەرز بولۇپ قالغانلار زارلىنىپ جاھاننى بېشىغا كىيەتتى، ھەتتا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاشقا، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. يوقسۇللۇق ۋە كېسەللىك ئېرى بىلەن يالغۇز ئوغلىنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتكەن بۇ نامرات تۇل خوتۇن غېرىب - مىسكىنلىكتە قېلىپ، شاۋ شياڭچېندىن بىرنەچچە كوي جازانە قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى، ئەمما ئۆسۈمدىن ئۆسۈم ئېلىنىپ، ئۆسۈمگە ئۆسۈم چاپلىنىپ تۇرغاچقا، بىرنەچ-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

چە ئاي ئىچىدىلا قايتۇرۇپ بولالمايدىغان سانغا يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇنىڭغا، شاۋ شياڭچېن ئۇنىڭ بارلىق ئۆي بىساتلىرىنى قەرز ئورنىدا ئېلىپ كېتىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدى.

فاڭ جىمىن بىلەن بىر چەتتىكى يۇرتداشلار زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي قالدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ توستى، ئەمما باينىڭ پۇلى كۆپ، كۈچى زور بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېلىقى غالچىلىرى يۇرتداشلارنى قاپتىلىغا ئېلىپمۇ قويمىدى، ئۇلار ئاخىر بۇ نامرات تۇل خوتۇننىڭ كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، قازان ـ قومۇچلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ئېلىپ كەتتى.

فاڭ جىمىن ياش ھەم جىگەرلىك بولغاچقا، بۇ ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەنلىكتىن مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى. ئۇ ئاچىسىنىڭكىگە كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپلا، ئۆيدە ئولتۇرغان يېزنىسىنى كۆردى ـ دە، غەزەپ بىلەن:

— شاۋ شياڭچېن بەك ئەسكىكەن، مەن ھامىنى بىر كۈنى ئۇنىڭغا دەرد ـ ئەلەمنى تېتىتىپ قويىمەن! — دېدى. ئۇنىڭ يېزنىسى كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ خىيالىڭغۇ بولىدىكەن، ئەمما شاۋ شياڭچېن دېگەن چىڭگۇڭ بازىرىدىكى چوڭ باي، سېنىڭدەك بىر كىچىك بالا ئۇنى نېمە قىلالايتتى؟

شۇنداق، قانداق قىلغاندا ئۇنىڭغا دەرد ـ ئەلەمنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويغىلى بولار؟ فاڭ جىمىن ئۈنچىقمىدى. لېكىن، بۇ ئىش ھەمىشە ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ، ئۆزىنى باسالمايدىغان قىلىپ قويىدى، يۇقىرىقى خىيالمۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى چۇلغاپلىۋالدى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى، شاۋ خوجايىن چىڭگۇڭ بازىرىدىكى «ئىشنىڭ

بېشىدىلا قۇت تاپقان»، «بايلىق تىلىگەن» تۇنجى ئائىلە بولۇپ قىلىش مەقسىتىدە، تاڭ تېخى يورۇماي تۇرۇپلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئادەتتە ئۇچىسىغا ئارتىقلى قىيمايدىغان زەڭگەر تاۋار نىمچە-سىنى ئارتىپ، بېشىغا قىزىل توپچىلىق قارا تاۋار پوسمىسىنى كىيىپ، پوجاڭزا ۋە كۇجىلەرنى تۇتاشتۇردى ـ دە، تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تاقاقنى چۇشۇرۇپ، دەرۋازىنى ئىككى قوللاپ ئاچتى. تو-ساتتىن، گەندىگە مىلانغان بىر پاخال سۇپۇرگە سېسىق پۇراق تارقىتىپ يۇقىرىدىن پەسكە چۇشتى، شاۋ خوجايىن ئۆزىنى چەت-كە ئېلىپ بولغۇچە، گەندە ئۇنىڭ ئۇستۇېشىغا مىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ كەينىگە داجىۋىدى، يىقىلىپ تۆت پۇتى ئۆ-رە بولۇپ قالدى. غەزىپى تېشىپ تۇرغىنىدا سۇپۇرگىنىڭ سېپە-غا ئىككى پارچە قەغەز چاپلانغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭغا: «كۆ-تۇرسەڭ بېشىڭنى بولۇرسەن گۇمران»، «ئاچساڭ ئىشىكىڭنى ئا-پەتلىك هامان» دەپ يېزىلغانىدى. دۇكان خىزمەتچىسى بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ كۇلگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كەتتى، بازاردا خۇشال كۇلكە ئاۋازى كۆتۇرۇلدى. فاڭ جىمىننىڭ ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن قىلغان بۇ بىمەنە قىلىقى تىلغا ئېلىنسىلا، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ كۇل-كىسى قىستاپ كېتىدۇ.

# ياپونىيە ماللىرىغا قارشى تۇرۇش

1916 ـ يىلى، فاڭ جىمىن يىياڭ ناھىيىسى دىشەن بىلىم يۇرتىنىڭ يۇقىرى سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىردى. شۇ چاغدا جۇڭگو جەمئىيىتى يۈەن شى- كەي ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان ۋە جاڭ شۈن تىرىلىش ئې- لىپ بېرىۋاتقان داۋالغۇش دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئى- گىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان «21 ماددا» پۈتۈن مەملىكەتتىكى جامائەتنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. فاڭ جىمىن يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، كۆرگەن ـ بىل- گەنلىرى كۆپەيدى. ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. فاڭ جىمىن ساۋاقداشلىرىنى يىغىپ «يىياڭ 9 ـ رايون ياشلار ئۇيۇشمىسى» نى تەشكىللەپ، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇپ، دۆلەتنىڭ ـ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، «دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشىدا ھەربىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى، دېموكرا- تىيىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، كىتاب مەستانىسى بولۇپ، ئۆز كۈنىنىڭ غېمىدىلا بولۇشقا قار- شى تۇردى.

ئۇلار ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچى يۇ مونى ساۋاقداشلارغا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقى-

تىپ، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان «21 ماددا» نىڭ مەزمۇنىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇردى. بۇ ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ ئىچىنىشلىق يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىزلا جوزىنى قاتتىق مۇشتىلىدى، ساۋاقداشلارنىڭمۇ ئوغىسى قايناپ كەتتى، بەزىلىرى ھەتتا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— ساۋاقداشلار، ئويلىنىپ بېقىڭلار، — دېدى بۇ مۇئەللىم يۇقىرى ئاۋازدا يۈزى كۆپچۈپ قىزارغىنىچە، — «21 ماددا» دېگەن زادى قانداق نېمە؟ ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىۋەتتى! بۇ بىر كەم - كۈتىسىز ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىم! جۇڭگونىڭ سېتىلىش خېتى!

فاڭ جىمىن چىدىيالماي قالدى، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— 21 ماددىنى بىكار قىلايلى!

— چىڭداۋنى قايتۇرۇۋالايلى! ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى قوغدايلى!

— ۋەتەن ساتقۇچلارنى جازالايلى!

فاڭ جىمىننىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ، يىغىن مەيدانىدا غەزەپلىك شوئار ساداسى كۆتۈرۈلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، فاڭ جىمىن نۇتۇق سۆزلەش ئەترىتى تەشكىللىدى، «جۇڭگو جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگوسى» دېگەندەك شوئارلار يېزىلغان بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، يىياڭ كوچىلىرىدا ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىدى.

شۇنىڭغا ئەگىشىپ، يىياڭ ناھىيە بازىرىدا بىر مەھەل ياپونىيە ماللىرىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. فاڭ جىمىن باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىرنەچچە خىل ياپونىيە ماللىرىنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ كۆپچىلىك-

نىڭ ئالدىدىلا يوقاتتى: چىش چوتكىسى، چىش پاراشوكىنى تاشلىۋەتتى، جاۋۇرنى يانجىۋەتتى، ئاندىن گېلىنى قىسىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە سېتىۋالغان ياپونىيە ماتراسىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن، ئۇلار يەنە بىر نەچچە ياپونىيە ماللىرىنى مەنئى قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كوچىلارغا چىقىپ، دۇكانلاردىن تەكشۈرۈپ چىققان ياپونىيە ماللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپونىيە ماللىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى يومبىشچىلىك ـ زومىگەرلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى «ئادەم توپلاپ چاتاق چىقاردى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇردى» دېيىشتى. فاڭ جىمىن كونا كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئالدىدا ھېچنېمىدىن قورقمىدى، ئۇ تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئېلان تاختىسىغا بىر پارچە ئىرادىنامە چاپلىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى:

مەن فاڭ جىمىن ياپون جاھانگىرلىكىنى جان تىكىپ يوقىتىمەن!

جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىقى، ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن!

1919 ـ يىلى يازدا، فاڭ جىمىن يىياڭ يۇقىرى سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ نەنچاڭ بىرىنچى دەرىجىلىك سانائەت مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى.

# مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى

جىياڭشى ئۆلكىلىك بىرىنچى سانائەت مەكتىپى تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى نەنچاڭدىمۇ ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى ھېسابلىناتتى. لېكىن، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى، ماشىنىسازلىق كەسپىنى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىم ئېلېكتروماشىنىلارنى رېمونت قىلىشنى بىلمەيتتى؛ ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتىدىغان ۋۇ مۇئەللىمنىڭ تەلەپپۇزى توغرا بولمايلا قالماستىن، بەلكى دەرسىنىڭمۇ مەزمۇنى مۇجمەل ئىدى، بىر سائەتلىك دەرستە «Water» (سۇ) نىلا سۆزلەيتتى، فەنياڭخۇ كۆلىدىن دۇڭتىڭخۇ كۆلىگىچە، ھەتتا ئۇلۇغ ئوكيانغىچە سۆزلەپ كېتەتتى، ھەتتا ئېچىدىغان سۇدىن ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇرغىچە سۆزلەيتتى، تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ، گەپنى تولىمۇ ئۇزارتىۋېتەتتى، ئاخىرىدا يەنە خۇددى راستتەك: «چۈشەندىڭلارمۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى. ساۋاقداشلار بۇنىڭدىن يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي قالاتتى. بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان فاڭ جىمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇنداق ئەھۋال ئەجنەبىيلەر زۇلۇمى بولاتتى. بىراق، مەكتەپ مۇدىرى جاۋ باۋخۇڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مېتودى تۆۋەن ئوقۇتقۇچىلاردىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇ-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com